# توزغان ئارمان (پوۋېست)

سائادەت ساتتار (ئايتوغ)

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى : مەنزىل گۇرۇپپىسى

بېشىنى چۆكۈرۈپ چوڭقۇر خىياللارغا بەنت بولغان ھالدا كەشتە تىكىپ ئولتۇرغان زىبا، قولىغا تۈيۇقسىز سانجىلغان يىڭنىدىن ئەندىكىپ كەتتى ۋە بارمىقىدىكى قاننى شورىغاچ بېشىنى كۆتۈرۈپ سائەتكە قاراپ ئېغىر ئۇھسىندى. ۋە ئۆز-ئۆزىگە-شۇنچە كەچ بولغۇچە نەدە يۈرىيدىغاندۇ ھە؟ دەپ سۆزلەپ قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۈيۈشۈپ قالغان بەل-پۇتلىرىنى ھەركەتلەندۈرگەچ دېرىزە تۈۋىگە كەلدى. دېرىزىدىن مەركىزىي شەھەرنىڭ كېچە بولماس يورۇقلىقىدا مۇكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلار ۋە ئاندا-ساندا كىشۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ بىر ھازا تۇردى. قېرىشقاندەك ئۇ كۆزىنى ئۇزمەي تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان ئولتۇراق رايون دەرۋازىسى ئالدىغا نە بىرەر ماشىنا كىلىپ توختىمىدى، نە بىرەر ئادەم ئاياغ باسمىدى. . .

زىبا تېلىپ كەتكەن بويۇنلىرىنى ئۇۋۇلىغاچ كىلىپ تېلىفۇن كۇنۇپكىلىرىنى باستى، قارشى تەرەپتىن(ىسز ئۇرغان ئابونتنىڭ ئىتىۋېتىلگەن تېلىفۇنى ياكى

مۇلازىمەت رايونىدا ئەمەس. . . ) دىگەن كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ تام سائىتىگە يەنە بىر قاراپ قويۇپ تېلىۋىزورنى ئاچتى. ـ يەنىلا شۇ ئايىغى چىقماس كورىيە فىلىملىرى ـ دەپ غۇدۇرىغاچ كىرىسلوغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ، قولىغا قىزىل رەڭ ئاساس قىلىنىپ، پۈتۈپ چىقاي دەپ قالغان قوش يۈرەكنىڭ شەكلى ئورنىتىلىۋاتقان كەشتىنى ئالدى ـ يۇ، سەپسىلىپ بىر ھازا قارىغاندىن كېيىن، يىڭنە سانجىشقا رايى بارماي بىر ياققا تاشلاپ قويۇپ تېلىۋىزورغا قاراپ ئولتۇردى. ئۇ ئۈيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئېكرانغا تىككىنىچە خىيال سۈرۈشكە باشلىدى. ئاياللارنىڭ خىيالى داۋاملىق ئۆتمۈشتىن باشلىنىپ، تەشۋىش ۋە گۇمانلار بىلەن كەلگۈسىنى پەرەز قىلىشقۇچە داۋاملاشسا كېرەك. . .

ئۇنىڭ باللىق دەۋرى چوڭ ئانىسىنىڭ سەھرادىكى ئاشۇ خىلۋەت، ئاددى لېكىن مەڭگۈ ئەستىن چىقماس ئىللىق ماكانىدا ئۆتتى. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى نەچچە ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ كىلىشەتتىيۇ، مومايىنىڭ يۇم ـ يۇم

يىغلاشلىرىغا ۋە زىبا كەتكەندىن كېيىن تىكەندەك يالغۇز قېلىشلىرىغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئامالسىز، قىيمىغان ھالدا قىزىنى ياندۇرۇشلاپ باغرىغا بېسىپ، سۆيۈپ. . . خوشلىشىپ كىتىپ قالاتتى.

ئۇ سەھرانىڭ ئىللىق ھاۋاسى، مومىسىنىڭ ئەتىۋارلاپ، پەپىلەشلىرىدە تولىمۇ ئەركىن لېكىن يۆزى تۆۋەن، مۇلايىم قىز بولۇپ يېتىلدى، باشلانغۇچنى پۈتتۈرگەن يىلى مومىسى ئۇنىڭ يېزىدىن ئوننەچچە كىلومىتىر يىراقلىقتىكى ناھىيە بازىرىغا بېرىپ ياتاقلىق مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشىغا قەتئىي قوشۇلماي ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇماسلىقى ھەققىدىكى مەسلىھەتنى ئوتتۇرىغا قويدى. دادىسى ئانىسىغا نارازىلىق بىلەن تىكىلىپ(ئۆزۈڭ گەل قىل)دىگەندەك ھومىيىپ ئولتۇردى. ئانىسى بولسا مومايغا كىچىچە مۇڭدىشىپ چۈشەندۈرۈپمۇ قىزىنى ئوقۇتۇشقا قايىل قىلالمىدى.

ـ نىمىشقا ئوقۇتمىغۇدەكمىز؟ ـ دىدى دادىسى ئەتىسى موماي يوق يەردە بۇ گەپنى خىجالەتچىلىكتە

ئاران دەۋاتقان ئايالىغا ھۆرپىيىپ.

-بالا بىزنىڭ، ھېلىمۇ نەچچە ۋاقىتتىن گېپىڭلارنى ئاڭلاپ كەلدىم. بۇ ئىشتا كىم، نىمىلا دىسە بىكار، ئۇنى ئوقۇتىمىز!ھېلىغۇ ناھىيەگە بارىدىكەن، ئىچكىرىگە، چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇيمەن دىسىمۇ ئوقۇتىمەن. سەنمۇ ئۆزۋاقتىدا ئوقۇپ خىزمەتكە چىقىۋالمىغان بولساڭ مۇشۇ يەردە، ھازىرغۇچە توپا تاتلاپ، چىراي سارغايتىپ يۈرەر بولغۇيتىڭ؟

-ئۇغۇ شۇ، مىنىڭمۇ قىزىمىزنى كۆپرەك ئوقۇتقۇم بار، ئادەم قىرىغانسىرى يالغۇزلۇقتىن بەك قورقىدىغان بوپ كىتەمدۇ ياكى كۆپ ئويلايدىغان، ئەنسىز بوپ قالامدۇ بىلمىدىم، ئاپام -سىڭنى شۇنچە ئوقۇتقانىدىم، ئەرش-ئالاغا چىقمىدىڭ يەنە شۇ خىزمەت قىلساڭمۇ بىر ئەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئۆتىۋاتامسەن؟ ئايال كىشى دىگەن ئەۋلىيا بوپ كەتسىمۇ يەنىلا بىر ئەرنىڭ پىشنى تۇتۇپ، خىزمىتىنى قىلىپ ياشايدۇ. ئوقۇمىغان قايسى قىزنى ئەر ئالماپتۇ؟ ئۇ ۋاقىتتىكى زامانغا ھازىر ئوخشامدۇ؟ جاھان بۇزۇلۇپ كەتتى، ئاڭلىمىغان

گەپلەرنى ھازىر ئاڭلاپ تووۋا دەپ ياقا چىشلەيدىغان بوپ كەتتۇق. ئەلمادىس زىبا ئۇ يەرگە بېرىپ ياخشى-يامان قىزلارنىڭ كىيىنگىنىگە، گەپ-سۆزلىرىگە قاراپ ئۆزگىرىپ قالسا مەن ئەجىلىمدىن بۇرۇن ئۆلمەمدىمەن؟ دەپ مەن بىر ئېغىز چۈشەندۈرۈپ بولغۇچە مىڭ ئېغىز باھانە-سەۋەپلەر بىلەن ئالدىمغا ئۆتۈپ تۇرىۋېلىۋاتىدۇ. . .

-خۇدايىم پېشانىسىگە نىمىنى پۈتكەن بولسا تارتماي ئىلاجى يوق خوتۇن. خۇدايىم كۆڭلىگە ئىنساپ بەرمىسە ئۆيگە سولاپ قويۇپ باقسامۇ بىكار. ئاپامغا يەنە چۈشەندۈرۈڭلار ئەگەر يەنە تەتۈرلۈك قىلىپ تۇرۋالسا ھەممە گۇناھنى ماڭا ئارتىپ قويۇڭلار مەن قىزىمنى دۈشەنبە كۈنى ناھىيىگە ئاپىرىپ قويىمەن.

بىر تالاي تالاش-تارتىش، قىيداش، سۈكۈت ئۇرۇشلىرىدىن كىيىن دادىسى يىغلاپ چىقىپ زىبانى مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىدىغان بولۇشتى. ئۇلار مىڭىشتىن بىر كۈن بورۇن مومىسى ئۇنىڭ بىلەن بىر كېچە بىللە يېتىپ كىرپىك قاقماي ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ،

يۈزلىرىگە سۈيۈپ، قانماي ھىدلاپ، يىغلاپ ئولتۇرۇپ ئاللاھتىن بەختىنى تىلىدى. بامداتتىن كىيىن زىباغا قىيماي ئۈزۈندىن-ئۈزۈن قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى ۋە؛

-قىزىم، مەندىن، ئۆيىمىزدىن ئايرىلىپ يات يەرلەرگە قەدەم باسماقچى بولىۋاتىسەن. ساڭا نەچچە ئېغىز گەپ يوللۇق تۇتاي ئوبدان بالام چوقۇم مەڭگۈ قولىقىڭدا تۇتقىن-دىدى موماي، يىغىدىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ، تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

-ماقۇل موما-دىدى زىبامۇ يىغلاپ تۇرۇپ.

-جېنىم بالام، خېنىم بالام. سېنى ئاللاھ ئىگەمگە ئامانەت قىلدىم، تىلى يامانىڭ تىلىدىن، كۆزى يامانىڭ كۆزىدىن ساقلىغاي. ئەمدى سېنى قاچانمۇ كۆرەرمەن ھە؟

-خاتىرجەم بولىڭە موما، تەتىلدە ، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە مىنى ئالغىلى بارىسىزغۇ؟

-ئۇغۇ شۇنداق جېنىم بالام ھاياتلا بولسام سېنى يوقلاپ بېرىپ، ئارامىلىرىڭدا ياندۇرۇپ كىلىمەن.

-بابايا گېپىم بار دېۋىدىڭىز دەڭە موما؟ نىمە

گەپلىرىڭىز بار؟

ـبالام، دەپ گېپىنى باشلىدى موماي ياشلىرىنى لىچىكىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، ـقىز بالىنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىقى، ئىپپەت ـنۇمۇسى ۋە شەرمي ـھاياسىدۇر. مەيلى نەدىلا بول چوقۇم بۇ بايلىقلىرىڭدىن ئايرىلىپ قالغۇچى بولما، ئۇلارسىز خار-زەبۇن بولسەنكىن ھېچ يەردە ھۆرمىتىڭ بولمايدۇ. كۆپ دوست تۇتما، ئېسىڭدە بولسۇنكى قىز بالىنىڭ ھەقىقى دوست تاپمىقى تولىمۇ مۈشكۈل، ئات ئۇزۇن يولدا سىنىلىدۇ، ئىنسان ئۇزۇن يىلدا دىگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان، باشقىلارنىڭ ساڭا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىنى ھەرگىزمۇ دوستلۇق دەپ چۈشىنىپ ئالدىراپ قوبۇل قىلىپ ئىچ سىرىڭنى تۆكمە. ئىنسانلارنى ئازدۇرغۇچى ئىبلىس شەيتانمۇ ئەۋۋال دوستۇڭ سۈپىتىگە كىرىۋېلىپ سىنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ خاتا يولغا ئىختىيارىڭسىز باشلايدۇ. ( غورا، ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بولۇر)دىيىلگىنىدەك ئادەمنى بۇزىدۇ بالام، ئۆزۈڭدىن باشقا ھىچكىشىگە ئىشەنمە!بىلگىنكى

ھېچكىمنىڭ ئىشى يوق. ھەممىسى ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش. ئاران بىرنەچچە ئادەم ئىككى-ئۈچ قىزنى ئوراپ ئېلىپ «شاھ بولۇش، زاكاز قىلىش» ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتقان ئىدى. ئاش تامام بولۇپ تەكلىپ قىلىنغانلار تارقاشقاندا، ئاش مەسئۇلى بولغان بىر يىگىتنىڭ خانىمى بىزنى كىچىك ئۆيگە باشلاپ كىرىپ چاي ۋە مېۋە تارتتى.

ھەممىمىز ئاش تويى ۋە شەھەردىكى قىزلارنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدا گەپلەشتۇق. ئۇلار شەھەرگە كەلگەن قىزلارنىڭ ئۆزلىرىنى تۇتۇشى، يۈرۈش-تۇرۇشى ۋە كىيىنىشىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ھەيران بولۇشتى.

ھېچكىمنىڭ سېنى ئۆزۈڭدىن ئارتۇق ياخشى كۆرمەيدۇ. ھازىرقى قىزلاردا توي قىلماي تۇرۇپلا يىگىتلەر بىلەن ئايرىم كۆرۈشىدىغان، تېخى شەھەرلەردىكىلەردە نىكاھسىز بىر ئۆيدە تۇرىۋېرىدىغان ئىشلار ئەۋج ئېلىپ كېتىپتۇدەك. شۇلار نېمىشقا ئويلىمايدىغاندۇ دەيمەن؟ ئەينى زامانلاردا قىزلار كىچە تۇرماق كۈندۈزىمۇ يالغۇز سىرتلارغا چىقمايتتى، ئاتا-ئانىسىنىڭ رۇخسىتىسىز بۇسۇغا ئاتلىمايتى، شۇ چاغلاردا يىگىتلەر قىزلارنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ دەپمۇ ئاڭلىمايتۇق، قىز-يىگىتلەر بىر-بىرىدىن شۇنچە ئەيمىنەتتى، ھەقلەپ-نىكاھلاپ تويى بولغاندىن كېيىنمۇ مېھمان كىشىلەردەك بىر-بىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشىپ ئۆتۈشەتتى(ئاجرىشىپتۇ)دېگەن گەپنىمۇ ھازىرقىدەك كۆپ ئاڭلىمايتۇق. مانا ھازىر ئەركىن مۇھەببەتلەشتۇق دەپ ئەل-جامائەتنىڭ بىللە كۆزىچىلا مېڭىشىپ كېتىشۋاتقان، تېخى ئاڭلىسام مۇھەببەت دېگەن تەشەببۇسكار، ئەركىن بولۇشى كېرەك دەپ يىگىتلەرگە كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپ سۆز ئېچىۋېرىدىغان قىزلارمۇ

بارمىش. تووۋا-تووۋا بۇ جاھان ئۆزگىرىپ ئەر بىلەن ئايالمۇ ئالمىشىپ قېلىشۋاتىدۇ، ئارقىسىدىن قارىسا ئەر-ياكى ئاياللىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان كىيىنمىلەرنى كىيىشىشۋالغىنىنى ئاز دەپ، خۇتۇنۇم بوزەك قىلدى، ئاجرىشىمەن دەپ ئەرز قىلغىلى بارىدىغان ئەرلەرمۇ باركەن. ـ ھېلى ئۆيگە بارغاندا دېيىشلى ھە؟ ئەدىپىڭنى قانداق بېرىمەنكىن، دەپ چىمچىلاقتەك ئايالى ھۆرپەيسە قوتازدەك ئەركىشىنىڭ شۈمشىيىپ بالىسىنى قولتۇقلاپ خۇتۇنىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم تېخى. ۋاي. . . بالام يەنە جىق گەپ قىلىپ كەتكىلى تۇردۇم، بېشىڭنى ئاغرىتىپ، ئەمدى باشقا گېپىممۇ يوق، ئاخىرىدا دەيدىغىنىم:ئالتۇن سىرلىقلىقى ۋە ئېغىرلىقى بىلەن قىممەتلىك، ئۇچۇق ـئاشكارا نەرسىنىڭ قىممىتى بولمايدۇ، بولسىمۇ ۋاقىتلىق بولىدۇ، شۇڭا ئەۋرەتلىرىڭنى ھەرگىز يېرىم-ياتا ئوچۇق قويىدىغان ئىشلارنى قىلما، ھالاللاپ بىرسىنىڭ نىكاھىغا ئۆتمىگۈچە ھېلىقىۋدەك مۇھەببەتلىشىپ يۈردىغانلارنى دورىمىغىن جېنىم بالام،

ماڭا ۋەدە بەرگىن.

-ماقۇل موما، گەپلىرىڭىزنى چوقۇم ئېسىمدە تۇتىمەن. سىزمۇ ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، ھەرگىز يىغلىماڭ.

زىبا ئوتتۇرا مەكتەپكە كىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ دەرسلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى نامايەن قىلىپ ئوقۇتقۇچى-ئۇستاز ۋە ساۋاغداشلىرىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرۈپ تېخىمۇ

ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە باشلىدى. ھېيت-بايرام، تەتىل كۈنلىرى مەكتەپ ئالدىغا چىقىپ مومىسىنىڭ مۇلايىم ئىشىكى قېتىلغان ھارۋىنىڭ ئالدىدا ئۇنى كۆرۈپلا لېپچەكلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ كىلىدىغان ھالىتىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇپ ساقلايتتى. ھارۋىغا چىقىپ تاكى ئۆيگە قايتىپ كەلگۈچە ئۇلارنىڭ گېپى تولىمۇ قىزغىن داۋاملىشىپ ئىككى ئاجىزەنىڭ چېھرىگە كۈلكە يامراپ، دىلىلىرى لەرزىگە كىلەتتى. زىبا ئاخشىمى مومىسىنىڭ ئۆزىگە تولىمۇ تونۇش ھىدلىرىنى پۇراپ قىنىپ-قىنىپ ئۇخلاپ كىتەتتى. ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە مومىسى ئۇ ئەڭ ئامراق تۇخۇم

تۈرمىلى بىلەن قايماقلارنى تەييارلاپ قويۇپ ئۇنىڭ بېشىدا ئويغىنىشىنى ساقلاپ ئولتۇراتتى ۋە ئۇ ئويغىنىشى:

ئاق كەپتەرمۇ ئۇنلەيدۇ، كۆك كەپتەرمۇ ئۇنلەيدۇ، زىباخان دىگەن هورۇن كۈن چۈشكىچە ئۇخلايدۇ. دەپ قوشاق قېتىپ ئۇنىڭ مەڭزىلىرىنى چىمدىپ ئەركىلىتىپ كىتەتتى.

ـئۆرىققا نەچچە قېتىم سۇ تەڭشەپ بولدۇم، مېڭە ئوغلىقىم بۇ قېتىمقىسى سوۋۇپ قالماستا يۈزىڭىزنى يۇيۇۋېلىڭ، دەپ ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، تاتلىق هوميياتتى.

زىبا مومىسىغا مۇئەللىملىرى ۋە ساۋاغداشلىرى هەققىدە سۆزلەپ بېرىۋېتىپ بىرەر ئوغۇل ساۋاغدىشىنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ قالدىمۇ بولدى، موماي ياندۇرۇپ-ياندۇرۇپ سوراپ ئۇنىمۇ قايمۇقتۇرۇپ، خۇدۇكلەندۈرىۋېتەتتى.

ـجېنىم موما؟ بولدى قىلىڭە؟ ئىككى يىل ئاۋال ماڭغىنىمدا دىگەن مەن مەڭگۈ ئۇنتۇلۇپ

قالمايمەن. ئۇنداق نەدىكى گەپنى قىلىپ ئادەمنى قورقۇتمىسىڭىزچۇ؟

ـجېنىم بالام ساڭىغۇ مىڭ مەرتىۋە ئىشىنىمەن، لېكىن قىز بالا دىگەن خام گۆش سەللا بىخەستىلىك قىلسىلا پۇراپ قالىدىغان گەپ. . . .

ـموما. . . دەپ ئەركىلەپ ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلدى زىبا. بولدى قىلسىڭىزچۇ؟

ـكىلەر يىلى تۈلۈقسىزنى پۈتتۈرىسەن، شۇ چاغدا داداڭ بىلەن يەنە بىر مەسلىھەتلىشىپ باقساق ئەگەر سېنى يەنىلا داۋاملىق ئوقۇتمەن دەپ چىڭ تۇرىۋالسا بۇ ئۆي-ۋاقنى سېتىۋېتىپ مەكتىپىڭگە يېقىنراق جايغا كۆچۈپ بارايمىكىن دەيمەن.

ـراستىما موما؟ !

ـراست بالام راست، بۇ يەردە تارتۇۋشقۇدەك ئەلە-مەلە، خۇلۇم قوشنىدىن باشقا جان كۆيەر قېرىنداشلىرىمۇ بولمىغاندىكىن، ئاخىرقى ئۆمرۈمدە سېنى كۈندە كۆرۈپ، ھالىڭدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراي، دەپ ئويلىدىم كىيىن ھامىنى خەقنىڭ ئۆيىگە كىتىسەن

ئۇ چاغدا كۆرەي دەپ كۆرەلەمدىم يوق، ئۇنىڭغۇچە مەن بارمۇ-يوق، بۇنى ياراتقان ئىگىمىزلا بىلىدۇ.

زىبا مومىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى، مومىسى ئۇنىڭ ئۇچۇن يالغان سۆزلەۋاتاتتى. ئىلگىرى ئاتا-ئانىسى مومىسى ئىككەيلەننى بىرگە ئېلىپ كىتىش ئۇچۇن جىق تەكلىپلەرنى بېرىپ، ھەتتا ئۆتۈنگەن بولسىمۇ موماي بىر ئۆمۈر ھەمرا بولۇپ ياشىغان خوشنا-خولۇملىرىدىن، تۇغۇلۇپ ـ ئۆسكەن مەھەللىسىدىن، قەدىناسىنىڭ قەبرىسىدىن. . . . ئايرىلىپ ھېچيەرگە بارمايدىغانلىقىنى كەسكىن ئېيتىپ تۇرىۋالغان ئىدى. مانا ئەمدىلىكتە زىبا ئۇچۇن، ئۇنى كۆندە كۆرۈپ تۇرۇش ئۇچۇن. . . ھەممىدىن ۋاز كېچىپ ياشىنىپ قالغاندىكى مۇساپىرچىلىققا تەۋەككۇل قىلىۋاتاتتى.

شۇ كېچە زىبا پەقەتلا ئۇخلىيالمىدى. ئۆزى ئۇچۇن بۇنچە چوڭ بەدەل تۆلەمەكچى بولىۋاتقان مومىسىنىڭ بوگۈنكى سۆزلىرىنى ئويلىسىلا ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلەتتى ۋە ئۆز-ئۆزىگە-جىنىم موما، مەن مەڭگۈ

سىزدىن ئايرىلمايمەن، مەڭگۈ سۆزلىرىڭىزنى ئەستىن چىقارمايمەن، چوقۇم ھالىڭىزغا يېتىپ، خىزمىتىڭىزنى قىلىپ ئۆتىمەن. . . دەپ پىچىرلايتتى.

كېيىنكى ئۇقۇش مەۋسۇمى باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، دۆلەت بايرىمى يېتىپ كەلدى ھەپتىلىك دەم ئېلىشتا ئالغىلى كەلمەكچى بولغان مومىسى ئۇنى ئالغىلى كەلمىدى. ئۇ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا تىت-تىت بولۇپ خېلى ئۇزۇن تۇردى ۋە مومىسى تۇرۇشلۇق مەھەللە دوقمۇشىدىكى بىردىن بىر تېلىفۇن ئورنىتىلغان تۆرلۈكماللار دۇكىنىغا تېلىفۇن قىلىپ مومىسىنى چاقىرىپ قويۇشنى ئۆتۈندى. دۇكانچى ئايال ماقۇل بولۇپ كىتىپ ئالاھەزەل يېرىم سائەتلەردىن كېيىن تېلىفۇننى زىبانىك ئانىسى قايتۇردى ۋە(بالام سىز مومىڭىزنى ساقلىماي، ئۇدۇل ناھىيەلىك دوختۇرخانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تۇرۇڭ، بىز ئەتىگەن كەلگەندۇق، ھازىر مومىڭىزنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭدۇق، قالدى گەپلەرنى ھېلى دېيىشەيلى)دىدى زەئىپ ئاۋازدا.

زىبانىڭ يۈرىكى قانداقتۇر بىر ۋەھىمە بىلەن ئاغزىغا تىقىلىپلا قالدى. ئۇ تىلىغۇن تۇرۇپكىسىنى قويۇپ دوختۇرخانا تەرەپكە يۈگۈردى.

دەرۋەقە ئۇنىڭ يۈرىكى تۇيغان، لېكىن ئىشىنىشكە پېتىنالمىغان رىئاللىق ئاخىرى يۈز بەردى. .

ئۇنىڭ غەمگۈزار، مېھرىبان مومىسى زىبا دوختۇرخانا ئالدىغا كېلىپ يامغۇردەك ياشلىرىنى ئۇنىڭ ئالقىنىغا تۆكىنىدە، دوختۇرخانىغا ئەكىرىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، ئۇنىڭغا قىيمىغان ھالدا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى.

زىبا مومىسىنىڭ مىيىتىنى ئېلىپ ماڭغاندا ھېچكىمنىڭ تۇسۇشىغا قارىماي، تاۋۇت ئارقىدىن يىغانلىق ياشلىرىنى تۆكۈپ تاكى يۇتلىرىدا ماغدۇر قالمىغۇچە يۈگۈردى.

ئۇزۇن يىللۇق ئاپتۇبۇسنىڭ ئەينىكىدىن ئاخىرقى رەت باللىقى ئۆتكەن ئانا سەھراغا مۇڭ بىلەن قاراپ ئولتۇرغان زىبانى تەغدىر ئەمدى مۇشۇ يوللار بىلەن قايسى قىسمەتلەرگە باشلاپ ماڭغىنى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ.

ئاتا-ئانىسى مومىسىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشۋېتىپلا غېرىپ قالغان ھويلىسىنىڭ دەرۋازىسىغا سوغۇق قۇلۇپنى سېلىپ قويۇپ ئۇنى ئۇرۇمچىگە قايتۇرۇپ كەلدى. بۇ يەردە ئۇنى كۈتىۋالغىنى، يېڭىچە ئائىلە، يېڭىچە مۇھىت... . ئۇ يىتىرقاش ۋە تېقىرقاش ئىچىدە شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىسىغا جايلاشقان يېڭى مەكتىپىگە قەدەم باستى.

ساۋاغداشلىرىنىڭ ئۈستى-بېشىغا مەسخىرىلىك قاراپ مەنسىتمەسلىك بىلەن بىر-بىرىگە ئىشارە قىلىشلىرىدىن ئۇ ئەتىگەن ئانىسىنىڭ(قىزىم ياغلىقىڭىزنى ئېلىۋېتىپ، چېچىڭىزنى چىرايلىق بوغۇپ قويايي)دىگىنىگە ئۇنىمىغىنىدىن سەل ئۆكۈندى. بۇرۇنقى مەكتىۋىدىكى ئەركىن، ئۇچۇق مىجەزى بارغانسىرى جىمغۇرلىشىپ كەتكەن زىبا ئىچ-ئىچىدىن ئۆرتىنەتتى. مومىسىنى، يېزىدىكى شادىمان باللىقىنى، مەكتىپىدىكى سەممى-ساددا، ۋە ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ تۇرىدىغان ساۋاغداشلىرىنى سېغىناتتى. دەسلىپىدە ئۇنىڭغا مەسخىرىلىك تىكىلگەن كۆزلەر ئۇنىڭ

دەرسلەردىكى ئارتۇقچىلىقنى كۆرۈپ ھەيران ۋە قىزىقىش بىلەن ئاغدۇرىلىدىغان بولدى. ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى. پۈتۈن زېھنى بىلەن دەرسلەرنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ مېڭىشقا تىرىشتى. لېكىن، ئۇ مەيلى ئۆيدە بولسۇن ياكى مەكتەپتە بولسۇن ھامان نىمىدۇر بىر نەرسىنى يوقتۇرۇپ قويغاندەك غېرىپسىناتتى، خىيالچان كۆزلىرى ھەردەم بىرەر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇرۇپ قالاتتى.

ئاتا-ئانىسىنى ئەتىگەنلىك ناشتىدا كۆرگەندىن سىرت ئانچە كۆپ ئۇچراتمايتى، ئاخشىمى ئۇ تەكرار قىلىپ خېلى كەچلەردە ئۇخلاپ قالغۇچىلىك ئۇلارنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ مېھرىسىراپ كەتكەن دىلى ئانىسى بىلەن قانغۇدەك ئېچىلىپ-يېيىلىپ مۇڭدىشىش ئۈچۈن كۈتكەن دەم ئېلىش كۈنلىرىنى ئايىغى چىقماس تويى-تۆكۈنلەر ئىگەنلىۋالاتتى. ناگاندا بىر ئۆيدە بىكار قالغان ئانىسى پەقەت كوچا ئايلىنىپ نەرسە-كېرەك سېتىۋېلىشقا چىققاندىلا ئۇنىڭغا كۆپرەك ھەمرا بولغان ھېساپلىناتتى. بۇ مۇھىتلارغا ئۇ ئاستا-ئاستا كۆنگەنمۇ

بولدى.

شەھەرلىكلەرنىڭ كۆپىنچە ئادەتلىرىگە ئۇ ھەيران قالاتتى ۋە مومىسىنىڭ شەھەرلىكلەر توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەنلىرىنىڭ مۇبالىغە بولماستىن تېخى ئازلا بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

تۇلۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغاندا دادا جەمەت تاغىسىنىڭ ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىدا ئۇ ئانىسىنىڭ پىكرى بىلەن ئۆزىمۇ دىلىغۇل بولۇپ يۈرگەن ياغلىقنى ئېلىۋېتىپ چىچىنى كەستۈردى. تويدىكى ئۇرۇغ-تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئۇنىڭ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇ قىلچە خۇشاللىق تاپالمىدى ۋە كېچىچە مومىسىنى چۈشەپ چىقتى، ئەتىگىنى ئويغانغىنىدىمۇ مومىسىنىڭ(قىزىم ئالتۇنمۇ سىرلىقلىقى ۋە ئېغىرلىقى بىلەن قىممەتلىك، ھەرگىزمۇ ئەۋرەتلىرىڭنى ئېچىپ يۈرمىگىن)دىگەن سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىدىن كەتمىدى. مەكتەپكە مېڭىش ئالدىدا ئۇ يەنە ياغلىقنى چىرايلىققىنە قىلىپ چىگىۋالدى.

ئالى مەكتەپ ئىمتاھانىغا تەييارلىق قىلىۋاتقان مەزگىلىدە يېرىم كېچىگىچە ئۆگىنىۋاتقان زىباغا ئانىسى قاتار چىپىدىن قايتىپ كېلىپ بىر ئىستاكان قىزىق چاينى ئەكىرىپ بېرىپ باشلىرىنى سىلىۋىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش ئولاشتى، ۋە ئانىسىدىن نەچچە قېتىم سورىماقچى بولغان لېكىن پۇرسەت كەلگەندە دىيەلمەي، دەي دىگەندە پۇرسەت كەلمەي يۈرگەن سۇئالنى سورىدى.

-ئانا مەن نىمىشقا يالغۇزلا بالا؟

ئانىسى، دەقىقە ئىچىدە ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى ۋەكۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ ئولتۇرۇپ سۆزلەپ بەردى:

-دادىڭىز ئىككىمىز يېڭى توي قىلغاندا خىزمەت بىسىمىمىز ھازىرقىدىنمۇ ئېغىر ئىدى. شۇڭا مەسلىھەتلىشىپ كېچىكىپرەك باللىق بولۇشنى نىيەت قىلغان بولساقمۇ سىزگە ھامىلدار بولۇپ قالدىم. بۇ يەردە ئىچ كۆيەر يېقىنلىرىم بولمىغاچ، دادىڭىزنىڭ خىزمىتىمۇ ئالدىراش بولغاچ، ئانامنىڭكىگە بېرىپ

بالىنى چۈشۈرگۈزۈپ شۇ يەردە ساقىيىپ كىلەي دەپ ئىدارىدىن 15 كۈنلۈك رۇخسەت سوراپ مومىڭىزنىڭ يېنىغا باردىم. مومىڭىز ئەھۋالنى بىلگەندىن كىيىن بەك خاپا بولدى ۋە:

-ئېغىرىنى يەر كۆتۈرىدۇ، رىزقىنى ئاللاھ بېرىدۇ، قاراپ تۇرۇپ بىر جانغا زامىن بولساق قانداق بولىدۇ؟ بالىغا قاراشتىن ئەنسىرىسەڭلار تۇغۇپلا ماڭا بېرىڭلار بولدى ئۆزۈم بېقىپ قاتارغا قۇشمەن، دەپ چىڭ تۇرىۋالدى. مومىڭىزنىڭمۇ مەندىن باشقا بالىسى بولمىغاچ نەۋرە يۈزى كۆرۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

مەن ئىلاجىسىز قايتىپ كىلىپ خىزمىتىمنى ئىشلەپ، تۇغۇتۇم يېقىنلاشقاندا مومىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىپ يەڭگىدىم ۋە قىرقىڭىز تۇششى بىلەن سىزنى ئانامغا قالدۇرۇپ قۇيۇپ قايتىپ كەلدىم. كىيىن ئارقا-ئارقىدىن نەچچە رەت بالا چۈشۈرگۈزگەنلىك سەۋەبى بىلەن دوختۇر ئەمدى قايتا بالىلىق بولالمايدىغانلىقىمنى ئېيتتى، يىغلىدىم -قاخشىدىم، پۇشايمانمۇ قىلدىم ئورنىغا كەلمىدى. سىزنى يېنىمىزغا

ئەكىلىشىپلىشقا تېخى مۇمكىن بولمىدى. ئۆزۈمنىڭ يالغۇز قىزلىقىمنى ئاز دەپ سىزنىمۇ يالغۇز قىز قىلىپ قويغىنىمنى ئويلىسام يۈرەكلىرىم پۇچۇلىنىپ كېتىدۇ جېنىم بالام.

ئانا-بالا ئىككەيلەن شۇ كۈنى خېلى ئۇزۇنغۇچە مۇڭدىشىپ، تۈنجى قېتىم بىللە يېتىپ قېلىشتى.

ئالى مەكتەپ هاياتىغا قەدەم قويغان زىبا بارغانسىرى تولىۋاتقانلىقىنى هىس قىلىپ ئۆزىچە نىمىدىندۇر تەشۋىشلىنەتتى. چوڭ بولدى دىگەن گەپ، ئەمدى ئوقۇشنى تۈگىتىدۇ، خىزمەتكە چۈشىدۇ، ئائىلە قۇرىدۇ. . . دىگەن گەپ. ئۇنىڭ پىشانىسىگە قايسى كەسىپ، قايسى يىگىت پۈتۈلگەندۇ هە؟ ئۇ دائىم مۇشۇلارنى خىيالەن پەرەز قىلاتتى.

ئالى مەكتەپنىڭ راستىنلا ئۆزگىچە بىر دۇنيا ئىكەنلىكىنى ئۇ چۈشىنىپ يەتتى. بەزى قىز-يىگىتلەر مەخسۇس مۇهەببەتلىشىش ئۈچۈن كەلگەندەكلا ئالدىراش جۆرە ئىزدەشكە كىرىشىپ كىتەتتى. بەزى چەت جايلاردىن كەلگەن قىزلار شۇنچە تېزلىكتە شەهەر

قىزلىرىغا ئوخشاش ياسىنىشقا تىرىشىپ ھەتتا ئۇلاردىنمۇ ئاشۇرىۋېتەتتى، ئەلۋەتتە پۈتۈن زېھنىنى ئوقۇشقا بېرىپ، قېتىقىنىپ ئۆگىنىدىغان، تۇرمۇشتا ئاددى-ساددىلىقنى ساقلاپ ئەتراپىدىكىلەرگە پەرۋامۇ قىلمايدىغان ئوقۇغۇچىلارمۇ بار ئىدى.

-ياللا، -دەپ گەپ باشلايتتى تەنەپپۇستا چىقىپ كىتىۋاتقان قىزلارنىڭ كەينىدىن ھەيرانلىقتا قاراپ ئولتۇرغان كورلىلىق قىز سەلىمە، -(سەھرالىق ئۆزگەرسە بىراقلا ئامىرىكىلىققىلا ئۆزگىرىدىكەن جۇمۇ؟ )تۇنۇگۈن كەلگەندە بېشىدا ياغلىق ئۇچىسىدا گۈللۈك كۆينەك، ئاستىدا تور تۇتقان ئىشتان كىيىۋالغانلارنىڭ بۈگۈن قارىسا چاچلىرى ساپ-سېرىق، قوشىدا نىيۇزەيكۇ!

ئاتا-ئانىسى مىڭبىر جاپادا يىمەي-ئىچمەي ئىقتىساد قىلىپ خۇددى بالىسى ئالى مەكتەپتىن ئۇلارنىڭ ئۆمۈرلۈك ھاردۇقىنى چىقىرىدىغان مەلھەم دورا بولۇپ قايتىدىغاندەك ئۈمىد بىلەن ئەۋەتكەن ئاشۇ پۇللارنى ئاپتۇماتىك پۇل ئېلىش ماشىنىسى ئالدىدا ئۆچرەتتە تۇرغاندىلا قانداق كىيىم-كېچەك،

زىبۇ-زىننەت، گىرىم بويۇمى. . ئېلىش ھەققىدە چوت سوقۇپ تۇرىۋاتقانلىقنى بىلسە ھە؟ !ئوغۇللىرىنىڭ قايسى قىزغا نىمە ئېلىپ ئىندەككە كەلتۈرۈش، كەچتە قايسى سورۇنغا بېرىپ، قايسى ئىچىملىك بىلەن قايسى چىكىملىكنىڭ پەيزىنى سۈرۈشنى پىلانلاۋاتقانلىقنى بىلسە ھە؟ !پۇلنى ئېلىپ نەچچە كۈندىلا پاختىكىنى ئۇچۇرۇپ بولۇپ، تېشى پال-پال ئىچى غال-غال، قوساق ئاچ، پۇتلىرىدا ماغدۇر يوق، شۈمشەرەپ يۈرگىنىنى بىلسە ھە؟ !

زىبانىڭ ئائىلە شارائىتى ياخشى، دادىسى مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىنىڭ بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرى، ئانىسى دوختۇرخانىدا سېستىرالار باشلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يالغۇز بالا. ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا يېتەرلىك ۋاقتىنى، مېھرىنى، بېرەلمىگىنى بىلەن ئىقتىساد جەھەتتىن تولىمۇ مەرتلىك قىلىشاتتى. ئۇلارمۇ بەلكىم قىزىغا بولغان مېھىر قەرزلىرىنى مۇشۇ ئۇسۇلدا قايتۇرۇشقا تىرىشىۋاتقاندەكلا ئىدى. لېكىن زىبا كىچىكىدىن يېتىلدۈرگەن ئاددى-ساددىلىقىنى ئىزچىل

ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، ياسىنىپ ـ تارىنىشقا، ھەشەمەتخورلۇق، ئىسراپخورلۇق قىلىشقا قىزىقمايتتى. بىرلا يېرى ئۇ سىنىپتىكى بەزى قىزلارنىڭ تالاي دەۋەتلىرى بىلەن باشتا قەتئىي قوشۇلمىغان بولسىمۇ ئۇنى ئىچ ـ ئىچىدىن غېرىپسىندۇرىۋاتقان يالغۇزلۇقىغا تەسەللى تېپىپۋالغاندەك قىلاتتى. ھەپتە ئاخىرى سىنىپتىكى ۋە باشقا سىنىپتىكى (مىجەزى چىقىشىدىغان) قىزلار بىرلىكتە چايخانا، قەھۋەخانىلارغا بېرىپ، رومانتىك مۇزىكا، كەيپىيات كۆتۈرگۈچى ئىچىملىكلەرنىڭ تەمىنى تېتىغاچ، ئالىتاغىل تۇۋلىشىپ (ئىچىنى بوشىتىپ) قايىتىشنى ئادەت قىلىۋالغان ئىدى. بەزى دەم ئېلىش كۈنلىرى كەچلىكى قىزلار (پۇلىمىز قالمىدى، بۇگۈن بارمايلى. . . ) دېيىشىپ قالسا ئۇنىڭ كۆڭلى ھامان ئاشۇنداق يەرلەرنى تارتاتتى. بولۇپمۇ كەچلىكى ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرغاندا خۇددى ئاشۇنداق سورۇنلارغا بارسىلا ئۆزىگە تەئەللۇق ھەممە نەرسىگە ئېرىشىدىغاندەك تاقەتسىزلىك بىلەن ئىنتىلەتتى. بەزىدە تەشەببۇسكارلىق بىلەن دوستلىرىنى

ئۆزى تەكلىپ قىلىپ سورىغان توزەتتى، بۇنداق چاغلاردا دوستلىرى ئۇنىڭ ئىلتىپاتىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ مەرتلىكىنى ماختاپ، ئۇچۇرغانسىرى ئۇ شۇنچە ھوزۇر ھىس قىلاتتى. شۇنداق ھوزۇردىن تارقاپ قايتقان كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆيگە بالدۇر قايتقان دادىسىغا يولۇقۇپ قالدى. ئىشكتىن كىرىپلا دادىسىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتكەچكە ئۇنىڭ پۇت-قولى تىترەپ قولاشماي قالدى ۋە مېڭ تەستە ھوجرىسىغا ئۆزىنى ئاتتى. تاڭ سەھەرلىكتە كېچىلىك ئىسمىنىدىن كەلگەن ئاپىسىنى دادىسىنىڭ قاتتىق كايىپ كۆتۈۋېلىشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ قورقىنىدىن يوتقىنىنى چىڭ قۇچاغلاپ تۆگۈلۈپ ئولتۇراتتى ئاپىسى ئىشكتىن خۇددى قىزىنى ئۇزۇن يىل كۆرمەي تۇنىيالماي ۋاتقاندەك ھەيرانلىق نەزەرى بىلەن كىرىپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى. . . .

شۇندىن كېيىن ئۇ كۆپ ئويلاندى. ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن نومۇس ھىس قىلىپ ئەمدى ئۇنداق يەرلەرگە بارماسلىقنى قارار قىلىپ، دىققىتىنى

قايتىدىن ئۆگۈنۈشكە قاراتماقچى بولدى، لېكىن نىمىشقىدۇر ئۇنىڭ كاللىسىغا بۇرۇنقىدەك دەرسلەر چۈشمەيتتى. ئانىسىمۇ پۇرسەت تاپسىلا ئۇنىڭغا ھەمرا بولىدىغان، كىچىلىك ئىسمىنا ئىشلىسىمۇ كۈندۈزى ئانچە ئۇخلىماي ئۇنىڭ ئامراق تاماقلىرىنى رۇسلاپ ئۇنىڭ كۈتۈپ ئولتۇرىدىغان، دەم ئېلىشلىرىدا ئۇنىڭ كىتاپخانا، باغچىلارغا، كوچىلارغا ئېلىپ چىقىپ چۈگىلىتىدىغان بولدى. دادىسى شۇ ئىشتىن كىيىن ئۇنىڭغا ئانچە چىراي ئېچىپ كەتمىگەن بولسىمۇ ھەرھالدا چاندۇرماي، ئۇنى بىرەر نەرسىنى كۆرۈشۈپ بېرىش باھانىسىدە بولسىمۇ ماشىنىسىغا سېلىۋېلىپ ئايلاندۇرۇپ كېلىدىغان بولدى.

كەچ كۈزدىكى سالقىن بىر ئاخشىمى مەكتەپتىن ئۆيگە قايتىپ كىتىۋاتقان زىبانىڭ نىمە ئۈچۈندۈر كوچا ئابدۇبۇسىغا چىققۇسى كەلمىدى، ئۇ يوپۇرماقلارنىڭ ئايىقى ئاستىدىكى شۇىرلاشلىرىغا قۇلاق سالغاچ خىياللارغا بەنت بولغان ھالدا پىيادە كىتىشنى ئويلاپ يىقىن يول بىلەن ئۆي تەرەپكە كىتىۋاتاتتى. چوڭ

كوچىدىن تار كوچىغا بۇرۇلۇشىغىلا ئۈنىڭ بۇرنىغا مىزىلىك تاماقلارنىڭ ھىدى ئۇرۇلدى. ئۇ تېز تاماقخانىلاردىن بىرىگە كىرىپ ئازراق بىرنەرسە يەۋېلىپ قايتىشنى ئويلاپ، دېرىزىلەردىن قاراپ كۆزەتكەندىن كېيىن ئۆزىگە ياققان تېز تاماقخانىدىن بىرىگە كىردى. تاماقخانىدا ئۈنىڭدىن باشقا يالغۇز تاماق يەۋەتقان بىرەرسىنىڭ يوقلىقى ئۈنى سەل بىئارام قىلدى ۋە ئەتراپى سۇنئىي گۈللەر بىلەن ئورۇلۇپ ئايرىمخانە سىياقىدا توسۇلغان بىر ئۈستەلگە كىلىپ ئولتۇرۇپ تاماق بۇيرۇتتى.

-خېنىم بۇ ئاشقان پۇلىڭىز. تاماق ھازىر چىقىدۇ، قېنى چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇڭ. - زىبا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىدا ئەدەپ بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرغان يىگىتكە مۇنداقلا نەزەر تاشلاپ قويۇپ قولىدىكى كىتاپقا قايتىدىن كۆز يۈگۈرتۈپ ئولتۇردى.

ئۇ تاماقنىڭ شۇنچە ئۇزۇندا چىقمىغىنىغا سەل جىلە بولۇپ پىيالىدىكى چاينى ئوتلىغاچ سۇلياۋ يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. ياندىكى ئۈستەلدە

بىر جۈپ قىز-يىگىت ئېچىلىپ-يېيىلىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، ئاۋازلىرى تۇرۇپ-تۇرۇپلا ئۈنلۈك چىقىپ كەتكىنىدە ئەتراپىغا ھەييارلىق بىلەن قاراپ ئېغىزلىرىنى ئېتىشىپ كۈلۈشۈپ كىتەتتى، زىبا ئۇلارنىڭ ئۈستىلى ئۈستىدە ئىككى خىل قورۇما ۋە پىۋا بارلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۇنچە ئېچىلىشىپ كەتكىنىنىڭ تىگىگە يەتتى ۋە. شۇ تاپتا ئۆزىنىڭمۇ بىرەر بوتۇلكا ئىچكۈسى كەلدى. . . .

كۈتكۈچى يىگىت تاماقنى ئەكىلىپ ئەدەپ بىلەن ئۈستەلگە قويۇپ:

-باشقا نەرسە لازىممۇ؟ -دەپ سورىدى.

(نىمە دىسەم بولار؟ بىر بوتۇلكا پىۋا ئەكىلىپ بېرىڭ دىسەم بۇ بالا قانداق ئويلاپ قالار ھە؟ ئىست ئۇيغۇر بولمىغان بولسىچۇ، دەۋىرەتتىمدە. . . ) دىگەنلەرنى ئويلىغان زىبا كۈتكۈچى يىگىتكە مەخسەتسىز خىلى ئۇزۇن تىكىلىپ تۇرۇپ كەتتى.

ئۇنىڭ بىرەر تاپشۇرۇقى بارلىقىنى پەملىگەن

يىگىتمۇ يا كىتەلمەي، يا ئۇنىڭدىن يەنە گەپ سوراشقا پېتىنالماي قاراپ تۇراتتى.

-پۇدىن بىر بوتۇلكا ئەكىلىۋەتسىڭىز بوپتىكەن.

-دىدى زىبا بوش ئاۋازدا كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ.

يىگىت دەقىقە ئىچىدە چىرايىدا پەيدا بولغان ھەيرانلىق ۋە نارازىلىق ئىپادىسىنى دەرھال ئوڭشاپ كەينىگە بۇرۇلۇپلا كىتىپ قالدى ۋە بىر ھازادىن كىيىن بىر بوتۇلكا پۇنى ئەكىلىپ ئۈستەلگە قويدى.

-ئاغزىنى ئېچىپ بېرەيمۇ؟ -دىدى يىگىت سەل تەنە تەلەپپۇزى ئارىلاش.

زىبا بېشىنى بىلىنەر-بىلىنمەس لىڭشىتتى، يىگىت بوتۇلكا ئاغزىنى ئېچىپ قىزنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلگىنىچە ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كىتىپ قالدى.

زىبا يىگىتنىڭ پوزىتسىيىسىدىن سەل پۇشايمان قىلىپ قالدى، (نىمىشقىمۇ دىگەندىمەن؟ . . . ) دىگەنلەرنى ئويلاپ بىرھازا

ئارىسالدى بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى ۋە يەنىلا جۈرئەت بىلەن پىۋىنى ئىستاكانغا لىقلاپ قويۇپ كۆتۈرىۋەتتى.

شۇندىن كېيىن ئارقا كوچىدىكى تېز تاماقخانىنىڭ بۇ ئايرىم خانىسى ئۇنى پات-پاتلا كۈتىۋالىدىغان بولدى. ئۇ پۇرسەت تاپسىلا بۇ يەرگە كېلەتتى، ئەگەر بۇ ئورۇندا باشقا مېھمانلارنىڭ ئولتۇرىۋالغىنىنى كۆرگەندە ئۇنىڭ كەيپى ملىڭ گەز ئۇچاتتى ۋە خۇيى تۇتۇپلا قالاتتى. خالا-خالىماس باشقا بوش ئورۇندا ئولتۇرۇپ ئاددىلا غىزالىنىپ خۇددى قەرزىنى سوپلەپ كېلىپ ئەلەم بىلەن قايتقان قەرز ئىگىسىدەك ئەلەم بىلەن ئۆيگە قايتاتتى. بۇ ئاددى خانىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ بىرەر ئىككى قۇتا پىۋە ئىچىۋالغىنىدا بولسا ناھايىتى روھلىنىپ دىمىقىدا غىڭشىغاچ خۇشال كەيپىياتتا قايتاتتى، لېكىن نىمىشقىدۇر ئۇ ئاشۇ تۇنجى رەت ئۆزىنى كۈتىۋالغان كۈتكۈچى يىگىتتىن باشقا كۈتكۈچىلەرگە پىۋە بۇيرۇتمايتى، ئۇ يىگىتنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئەيىپلىك ئىشىنى بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق،

ئىشەنچلىك ئادەمدەك ھىس قىلاتتى. يىگىتمۇ ئۇ كىلىپ ئايرىمخانىغا جايلاشقىنىدا ئامال بار ئۆزى بېرىپ ئۇنىڭغا مۇلازىمەت قىلىپ، باشتىنا تاماق ياكى قورۇما ئارقىدىن پىۋا كەلتۈرەتتى (ئەلۋەتتە زىبانىڭ بۇيرۇتمىسىغا ئاساسەن).

زىبا ئۆيىدىكىلىرى ئالدىنقى قېتىم ئۇنىڭ ھاراق ئىچكەنلىكىنى بىلىپ قالغاندىن كىيىن خېلى دىققەت قىلىدىغان، ئىچسىمۇ ئۆزى يالغۇز ئازراقلا ئىچىپ بولدى قىلىدىغان بولغان ئىدى.

ئۇ ئالى ماكتەپنى پۈتتۈرۈشكە ئازلا قالغان مەزگىلدە دادىسى قاتتىناش ۋەقەسىدە ئېغىر يارىلىنىپ دوختۇرلارنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ ئۆنۈمى بولماي بىر پۈتىدىن مەڭگۈلۈككە ئايرىلىپ ئۆيدە يىتىپ قالدى. ئانىسى يىغلاپ-قاقشاپ يۈرۈپ ئۆيدە ئېرىنىڭ، ۋە خىزمەتتە ئۆز مەسئۇلىيىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ پايپىتەك بولۇپ يۈرەتتى.

ئۇنىڭغا ئۆيگە قايتسىلا كەچكىچە (ئۇنى قىلىپ

بەر-بۇنى قىلىپ بەر. . ) دەپ ئىڭراپ ياتقان دادىسى، «قىزىم سىرتلاردا كۆپ هايال بولماي دادىڭىزنىڭ هالىدىن كۆپرەك خەۋەر ئېلىشىپ بەرسىڭىز، ئۆي ئىشلىرىغا ئانچە-مۇنچە ياردەملىشىپ بەرسىڭىز. . . » دەپ كۆتۈلداشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئانىسى بارغانسىرى سەت كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندىن بېرى ئوقۇتقۇچىسىمۇ«بۇرۇن سىنىپ بويىنچە ئالدىنقى قاتاردىكى قىز ئىدىڭىز، بارغانسىرى سىزدە چۈشكۈنلۈك، ئىرەنسىزلىك. . . . ئېغىرلاپ كېتىۋاتىدۇ، دەرسلەرگىمۇ قىزىقماسلا بولدىڭىز، سىز ئەسلى خېلىلا ئۈمىتلىك ئوقۇغۇچى ئىدىڭىز. . . . . » دىگەندەك كوتۇلداشلىرى ئۇنىڭ قۇلاق-مىڭىسىنى يەيدىغان، خۇشياقمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئانىسىنىڭ كىچىلىك ئىسمىنا ئىشلەيدىغان ۋاقىتلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر خوشاللىق ئىدى. « مىجەزى چىقىشىدىغان»نەچچە دوستلىرى بىلەن يېرىم كېچىگىچە كۆڭۈل ئېچىشقاندىن كيين ئىشىك

ئالدىغا كىلىپ ئۆزىنى ئوڭشاپ ئىشكىنى ئېچىپ غىپپىدىلا ھوجرىسىغا كىرىۋالاتتى ۋە ئەتىسى ئانىسى سۈرۈشتۈرگەندە‹‹دادام بەك بالدۇر ئۇخلاپ قاپتىكەن، ئۇ يالغان گەپ قىپتۇ››دەپلا گۆلىيىپ تۇرىۋالىدىغان بولدى. ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان پۇللار بارغانسىرى كېمىيىپ كىتىۋاتاتتى. دادىسىنىڭ خىزمەتتىن كىسەل سەۋەبى بىلەن بالدۇر چېكىنىشى ۋە كۆپ ۋاقىتلىرى داۋالىنىش بىلەنلا ئۆتىۋشى ئۇنىڭ ئۇستىگە يېڭى سېتىۋېلىنغان ئۆينىڭ قەرزى تېخى تۆلىنىپ بولۇنمىغانلىقى سەۋەپلىك ئائىلىسىدە ھەممىدىن مول بولىدىغان ئۇنىڭ خىراجەتلىرى بارغانسىرى ئازىيىشقا باشلىدى. بۇرۇن ئۇ سورىمىسىمۇ ئۇنىڭغا زورلاپ پۇل بېرىدىغان ئاتا-ئانىسى ئەمدى ئۇ سورىسىمۇ بىرمۇنچە باھانە-سەۋەپلەرنى چۈشەندۈرۈپ ئۇنىڭ ئىچىنى تېخىمۇ سىقاتتى.

ئۇ ئاچچىقىنى يەنىلا ھاراقتىن چىقىراتتى. بەزىدە يانچۇغىدىكى پۇلى پىۋىنىڭ ھەققىگە يەتمەي ھېلىقى كۈتكۈچى يىگىتكە قىزىرىپ-تاتىرىپ تۇرۇپ ‹‹ ئەتە

بىراقلا تۆلىۋېتەي››دەپ قايتىپ كىتىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ، ياكى مەرت دوستلىرى تەكلىپ قىلغان سورۇنلارغا كىرىم بىلەن، قەيەردە ، ئولتۇرىدىغانلىقلىرىنىمۇ سۆزلۈشتۈرۈشكە ئۆلگۈرمەي كىتىپ قالىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولاتتى.

ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆزى يالغۇز ھېلىقى ئايرىمخانىغا كىرىپ پىۋە بۇيرۇتۇپ قانغۇدەك ئىچتى، ئۆز ـئۆزىگە سۆزلەپ نىملەرنىدۇر غودۇراپ، كىملەردىنىدۇر ئاغرىنىپ يىغلاپ، ئىچىنى خېلى بوشاتقاندەك بولۇپ قايتماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرغان بولسىمۇ پۇت-قوللىرى ئۇنىڭ باشقۇرىشىغا بويسۇنماي قالغانىدى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئاياغ بوقچىغا دەسسەۋېلىپ سەنتۈرۈلۈپ كەتتى ۋە بوقۇچىنى چىگىتىش ئۈچۈن قايتا ئىگىشكىنىدە قولايسىز بىر ھالدا يىقىلىپ چۈشتى، ئورنىدىن تۇرۇشقا شۇنچە كۈچەپ ھەپىلەشكەن بولسىمۇ ئۆزىنى باشقۇرالمايۋاتقىنىدا دەرىزە ئەينىكىدىن ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ تۇرغان كۈتكۈچى يىگىت يۈگۈرەپ چىقىپ ئۇنى يۆلىدى ۋە

دائىم ئۇ قايتىپ كىتىدىغان تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى.

ـ ئۆيىڭىز قايسى تەرەپتە؟ دەپ سورىدى يىگىت كوچىدىن چىقىش ئېغىزىغا كەلگەندە قىزنىڭ بىلىكىدىن چىڭ قامالاپ تۇرۇپ.

ـ مەن مەس ئەمەس، ئۆزۈم كىتەلەيمەن، مىنى قويۇپ بەر. . . دەپ ئالىتاغىل ۋاقىراپ كىلىۋاتقان زىبا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ سەل جىمىپ قالدى ۋە:

ـ سولغا قايرىلساقلا يىتىپ بارىمىز، رەھمەت ئەمدى ئۆزۈم كىتەلەيمەن، دىدى.

يىگىت ئۇنىڭ بىلىكىدىن قويۇۋەتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ خېلى ماڭدى ۋە ئۇ دەلدەڭشىپ مېڭىپ ئولتۇراق رايوننىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كىتىپ زال ئىشىكىنى ئاچقاندىن كىينلا خاتىرجەم بولۇپ ئارقىسىغا ياندى.

ئەتىگەندە قاتتىق ئۇخلاۋاتقان زىبا تىلىفونىنىڭ توختىماي سايرىشىدىن تەسلىكتە ئويغاندى ۋە سىقىراپ ئاغرىۋاتقان بېشىنى قامالىغىنىچە تىلىفونىنى ئالدى:

ـ ۋەي، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، مەكتەپكە بارىدىغان

ۋاقىت بولدى. مېڭىشىڭىزدا دۇكانغا كىلىك ئاچچىق-چۈچۈك بىر نەرسە يەۋېلىڭ، سىزنى ساقلايمەن، خوش.

زىبا ئاڭقىرالماي بىر هازا تۇرۇپ قالدى. ۋە ئېرىنچەكلىك بىلەن سائەتكە قارىۋېتىپ مىڭ تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ يۈزىنى سوغۇق سۇدا يۇيۇۋېتىپ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، سۈتنى قايناتتىپ نان چىلاپ دادىسىنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ قويۇپ، دادىسىنىڭ ئۈنىگە سىنچىلاپ قاراشلىرىغا پىسەنتمۇ قىلماي سىرتقا ماڭدى. ئۇ دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ ساپ هاۋادىن قانغۇچە سۈمۈرۈپ نەچچە رەت چوڭ-چوڭ نەپەس ئېلىپ كوچا دوقمۇشىغا كىلىشىگە ئۇ يەردە ئۆزىگە قاراپ تۇرغان كۆتىكۆچى يىگىتنى كۆرۈپ، ئاخشامقى ئىشلار خىرە خىيالىغا كەلدى.

-بايىقى تېلىفۇننى سىز ئۇرغانمىدىڭىز؟ نۇمۇرىمنى قانداق بىلدىڭىز؟ ، دەپ سورىدى ئۇ ئۆزىگە جىمجىت قاراپ تۇرغان يىگىتنىڭ يېنىغا كىلىپ.

-نومۇرىڭىزنى ئاخشام ئۆزىڭىز يېنىش-يېنىشلاپ

دەپ بەرگەندە ئېسىمدە تۇتۇۋالغان ئىدىم. ئەتىگەنلىككە ئويغۇتۇپ قويۇڭ بولمىسا تۇرالماي قالىمەن دىگەنىدىڭىز شۇڭا. . .

ـ ھە رەھمەت سىزگە.

يىگىت گەپ قىلمىدى ئۇلار يانمۇيان مېڭىشىپ يىگىت ئىشلەيدىغان تېز تاماقخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى، يىگىت ئۇنى كىرىپ سۇيۇق ئاش ئىچىپ مېڭىشقا تەكلىپ قىلدى ۋە قىزىقچىلىق قىلىپ‹‹بۇ ناشتىلىقنىڭ پۇلى ماڭا ھىساپ››دەپ چاخچاق قىلدى.

شۇندىن كيىن قىز بىلەن كۆتكۈچى يىگىتنىڭ مۇناسىۋىتى بارغانسىرى يېقىنلىششقا باشلىدى. كۆپىنچە ھاللاردا يىگىت قىزنىڭ ھاراق ئىچىشىنى چەكلەيتتى ۋە قىززىق گەپلەرنى قىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ چۈشكۈن دىلىنى ئېچىشقا تىرىشاتتى.

يىگىت زىبانىڭ ئەكسىچە بۇ دۇنياغا ئۈمىد بىلەن قارايتتى، كەلگۈسى ھەققىدە نۇرغۇن شىرىن ئاررزۇ-ئارمانلىرى بار ئىدى ۋە شۇلارغا يىتىش ئۈچۈن

تىرىشاتتى.

ـ مەن سىزدەك ئوقۇش شارائىتىغا ئېرىشەلمىگەن زىبا، سىز هازىرقى مۇشۇ شارائىتىڭىزدىن رازى بولۇشىڭىز ۋە تولۇق پايدىلىنىشىڭىز كېرەك. سىزدە هېچنىمە كەم ئەمەس، پەقەت سەگەك تەپەككۇر كەم، كىشىلىك هاياتتىن، تۇرمۇشتىن ئاغرىنىپلا يۈرۈش، چۈشكۈنلىشىش ۋە هەممىگە ئىتىۋارسىز قاراش سىزدىكى ئەڭ چوڭ كەمچىلىك. ـ دەپ گەپ باشلىدى يىگىت قىزغا سەمىمىيلىك بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ، ـهەممىمىزگە ياشاش پۇرسىتى پەقەت بىر قېتىملا كېلىدۇ. هەممىمىز ئۆزىمىز تاللىۋالغان ئۇسۇل بىلەن هايات يولىمىزنى داۋام ئېتىمىز. مەيلى قانداقلا ياشايلى هامىنى ئۆلۈپ كېتىمىز، قارا تۇپراق ئاستىغا كىرىپ كېتىمىز، بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈككە خوشلاشقىنىمىزدا ئەتراپىمىزدىكىلەر ئارمىنىمىزنى قىلغۇدەك، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىمىز دىللاردا يادلىنىپ تىللارغا ئېلىنغۇدەك. ئاخىرقى نەپىسىمىزدە ئەلەم-پۇشايمان، نادامەتلەر گېلىمىزنى بوغمىغۇدەك هالەتتە ياشاشقا تىرىششىمىز كېرەك.

سىز تېخى ئەمدى ئۇچۇم بولۇش ئالدىدا تۇرغان كىچىككىنە بىر قۇش بالىسى، گەپ سىزنىڭ تۇنجى ئۇچۇشىڭىزنى قانداق تاللىشىڭىزدا. قانات-قۇيرۇقلىرىڭىزنى ياخشى يېتىلدۈرۈپ، تولۇق تەييارلىق بىلەن يىراق مەنزىلنى نىشانلاپ ئۇچۇش ياكى ئالدىراقسانلىق ۋە بىپەرۋالىق بىلەن يېقىنىنىلا كۆزلەپ خىيالەن شېرىن چۈشلەرگە ئەگىشىپ بىخۇتلۇق ئىچىگە غەرق بولىشىڭىزدا. سىزدە ھەممە نەرسە تەل زىبا، لېكىن سىز ئۇنى كۆرەلمەي ھىس قىلالماي ھەممىگە نارازىلىق نەزەرىڭىزدە قاراۋاتىسىز. ۋاقىتلىق مەستخۇشلۇق ۋە ھوزۇردىن خۇدىڭىزنى يوقاتماقچى ۋە شۇنىڭدىن تەسەللى تېپىپ ياشىماقچى بولىۋاتىسىز. ۋاقىت ھامان سىزگە بۇ تاللىشىڭىزنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، بىھۇدە ئۆتكەن پۇرسەتلىرىڭىز رەھىمسىز قوللىرى بىلەن ھامان گېلىڭىزنى بوغماي قالمايدۇ. مەن سىزدەك كۆپ ئوقۇمىغان لېكىن ھاياتقا ھەمىشە ئۈمىد بىلەن قارايمەن. تۇرمۇۋشىمدىن ئاغرىنىپمۇ باقمىدىم. ئاللاھنىڭ ماڭا ياشاش ھوقۇقىنى ئاتا

قىلغىنىنىڭ ئۆزىمۇ بىر چوڭ ھىممەت ۋە پۇرسەت. مەن ئۆزلۈكسىز ئۆز ھايات يولۇمدا ئۆزۈم تاللىۋالغان نىشانىم ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن. بۇ يولدا مەيلى قانچىلىك جاپا-مۇشەققەتكە، دىشۋارچىلىقلارغا ۋە بېسىم، ئاھانەتلەرگە ئۇچراي بۇ مېنىڭ ياشاش يولۇمنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. نىشانلىرىمغا بولغان ئىزدىنىشلىرىمنى، تىرىشچانلىقلىرىمنى ئاجىزلاشتۇرىۋېتەلمەيدۇ.

زىبا ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغانسىرى يىقىندىن بېرى تۇرمۇشىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلىرىدىن ئۆكۈنۈش ھىس قىلىشقا ۋە خىجىل بولۇشقا باشلىدى. «دىمىسىمۇ بىر مومىسىدىن ئايرىلغان مەنلىمىدىم؟ ئاتا-ئانىسىنىڭ مىھرىگە قانمىغان مەنلىمىدىم؟ كەيىپ-ساپاغا بېرىلىپ مەستخۇش ئۆتكەن كۈنلىرىم مىنى چۈشكۈنلۈكتىن باشقا نىمىگە ئېرىشتۈردى؟ . . » دىگەنلەرنى ئويلىغانسىرى زىبانىڭ قەلبىدە ياشاشقا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىق قايتىدىن لاۋۇلداشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئاددى بىر كۆتكۈچى يىگىت بۇ دۇنياغا شۇنداق زور ئۈمىتلەر بىلەن ئىشەنچ بىلەن بېقىۋاتسا، ئۇنىڭ ئۆز تۇرمۇشىدىن ئاغرىنغۇدەك زادى نىمە ئاساسى بار؟

ئۇ شۇنىڭدىن كىيىن پۇرسەت تاپسىلا يىگىت بىلەن ئەسرا بولۇشۇپ ھاياتىدا يېڭى-يېڭى مەنالارغا ئېرىشتى. ئوقۇشقىمۇ قايتىدىن كىرىشىپ ئالى مەكتەپ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى بۆلەكلىرىنى يېڭىچە تۈس بىلەن بېزەشكە باشلىدى.

. ئۇ ئاخىرقى قىشلىق تەتىل قويۇپ بېرىلىشى بىلەنلا ئانىسى خىزمەت قىلىۋاتقان دوختۇرخانىغا پىراكتىكىغا چۈشتى.

يىگىتمۇ تېز تاماقخانىدا ئىشلىگەن ۋاقىتلىرىدا كەچلىك كۇرسلاردا ئوقۇپ ئۆگەنلىگەن چەتئەل تىلى سەۋىيىسى بىلەن ئۆزگە يۇرتتىن كەلگەن سودىگەرلەرگە مال ئېلىشىپ بېرىپ سەممى مىجەزى ۋە ئوچۇق-يورۇق مۇئامىلىسى بىلەن بۇ كەسىپنىڭ خېلىلا ئوبدان نېنىنى يېيىشكە باشلىدى. ئۇلار كۆندە دىگۈدەك

تېلېفۇنلىشىپ، ھال سورىشىپ، كۈن ئاتلاپ دېگۈدەك يۈز كۆرۈشۈپ، ئەسرالىشىپ ئۆز خىزمەتلىرى ھەققىدە ئۇزۇنۇندىن ئۇزۇنغا مۇڭدىشىپ كېتىشەتتى. زىبانىڭ دادىسى ئۆزىگە تولىمۇ ئېغىر كەلگەن بۇ رىئاللىقنى ئاخىرى قوبۇل قىلىپ ئايالى ۋە قىزىنىڭ كۆپلەپ غەمخورلۇق قىلىشى بىلەن بارا-بارا مىجەزىدىكى چۇسلۇق، بۇرۇقتۇملۇق ئەسلىگە كېلىپ يالغان پۇت سەپلەشكە قۇشۇلۇپ، ئۇلار خىزمەتتىن كەلگۈچە بۇرۇنقىدەك تۇرۇسقا قاراپ ياتماستىن ئۆي ئىچىدە ئۆزى قىلغۇدەك ئىشلارنى قىلىپ، تاماقلارغا تەييارلىق قىلىپ تۇرىدىغان، ياشانغانلار پائالىيەت ئۆيىگە چىقىپ ئۇلپەتلىرى بىلەن قارتا-شاھمات ئوينايدىغان، تەڭتۇشلىرى بىلەن ئىچىلىپ-يېيىلىپ مۇڭدىشىپ ئولتۇرىدىغان بولدى.

زىبا ئائىلىسىدە ئەۋج ئېلىۋاتقان كۈلكە-چاخچاقلىق خۇشال تۇرمۇشتىن تولىمۇ سۆيۈنەتتى. دادىسىنىڭ ھالىتىدىكى ئۆزگۈرۈشلەرنى يىگىتكە ئېيتىپ بەرگەچ ھاياجانلىنىپ كېتەتتى:

-ئىلگىرى ئائىلىمىزدە مۇزدەك بىر مۇھىت، جىمجىتچىلىق ھۆكۈم سۈرەتتى، ھەممە ئۆز ئىشىمىز بىلەنلا بولۇپ كىتەتتۇق. ئارىمىزدىكى مېھرى-مۇھەببەتمۇ بارغانسىرى سۇسلىشىپ بىر-بىرىمىزنىمۇ كۆرەرگە كۆزىمىز يوق دەرىجىگە بېرىپ قېلىۋىدۇق. مانا سىزنىڭ مەدەتلىرىڭىز بىلەن مەنمۇ ئەسلىمگە قايتتىم، شۇنى ھىس قىلدىمكى بىر ئائىلىدىكى بىر ئەزانىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن پۈتكۈل ئائىلە مۇھىتىدا ئۆزگىرىش بولىدىكەن. دادامغا ھەقىقى مېھرىمنى بېرىپ، كۈيۈنۈپ، غەمخورلۇق قىلىۋىدىم ئۇمۇ قايتىدىن قەددىنى رۇسلىدى، ئۇنىڭ بۇرۇنقى خىزمەت ئالدىراشلىقى بىلەنلا يۈرۈيدىغان مەزگىللىرىگە قارىغاندا مىيىپ بولسىمۇ ھازىرقى تۇرقىنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇنىڭ ھازىر بىزگە قانچىلىك مۇھىملىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھىس قىلىۋاتىمەن. پىراكتىكىغا چۈشكەندىن بېرى ئانامنىڭ خىزمىتىنىڭمۇ مەن ئويلىغاندىن كۆپ جاپالىق ۋە ئالدىراشلىقىنى، مەسئۇلىيىتىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى راستىنلا تونۇپ

يەتتىم. بۇندىن كېيىن مەن ئۇلارنى ھەقىقى خوشال قىلىشقا، ھاردۇقلىرىنى چىقىرىشقا تىرىشىمەن. ئەينى چاغدا ئۇلارنىڭ مېنى مومامغا بېرىۋېتىپ ئاتا-ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلمىغىنىدىن ئاغرىنىپلا يۈرگەن ئىدىم. ھازىر ئويلىسام ئۇلار ماڭىلا ئەمەس مەنمۇ ئۇلارغا مېھىر قەرزى ئىكەنمەن. بۇرۇن ھەممىمىز ئېرىشەلمىگەنلەرگە مانا ئەمدى ئۆز-ئارا ئېرىشىۋاتىمىز.

زىباغا مەستلىكى كېلىپ، سۆيۈنۈش ئىچىدە تىكىلىپ ئولتۇرغان يىگىت ئۇنىڭغا مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەپ قارىدى.

زىبانىڭ ھايات يولىدىكى تۇمانلىق دوقمۇشتا ۋاقىتلىق تەمتىرەپ خاتا يۆلىنىشكە قاراپ مېڭىشىنى ئۆز ئەمەلىيىتى ۋە سەمىمىيىتى بىلەن توسۇپ قالغان بۇ ئاقكۆڭۈل يىگىتنىڭ ئىسمى ئارمان!

ئۇ گەرچە مۇشۇ مەركىزىي شەھەردە تۇغۇلغان بولسىمۇ ئاتا-ئانىسى ئەينى دەۋردە تۇرمۇشنىڭ قىيىنچىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، مۇساپىرچىلىق تەۋەككۈلچىلىكى بىلەن ئۆز يۇرتلىرىنى تاشلاپ بۇ

يەرگە كەلگەن بولغاچ تا ھازىرغۇچە بۇ شەھەرگە مۇساپىر ھېساپلىنىپ يا بىرەر ئورۇنغا شتاتلىنالماي ياكى نۇپۇس رەسمىيەتلىرىنىڭ بىرەر ۋاراق يۈزىگە ئورنىتىلىنىلماي، ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ 3 بالىنى قاتارغا قوشقان شۈكرى بىلەن قانائەتلىنىپ كۈن ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقان يۈۋاش كىشىلەر ئىدى. ئارمان بالىنىڭ چوڭى بولغاچ مەكتەپتە ئوقۇش پۇرستىگە ئېرىشەلمىدى. كىچىكىدىن باشلاپ ئانىسى بىلەن توپىلارغا مىلىنىپ يېتىپ، توپ تارقىتىش بازىرىدا كۆكتات سېتىپ يۈرۈپ چوڭ بولدى. كېيىن ئانىسى كەچلىك بازاردا يۆگىمە قۇيماق سېتىپ، دادىسى كاللا-پاقالچاق سېتىپ يۈرۈپ ھال-كۈنى سەل ياخشىلىنىپ ئىككى ئىنىسىنى مەكتەپتە ئوقۇتقۇدەك شارائىتقا ئېرىشتى، ئارماننىڭ بۇ چاغدا يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغاچقا ئوقۇش نىيىتىدىن ۋاز كېچىپ ئاشپەزلىككە شاگىرت كىردى. ئاشخانىدا بىللە شاگىرت بولۇشقان تەڭتۇش دوستىدىن خەت ئوقۇشنى، يېزىشنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن ئۇ كىتاپ ئوقۇشقا ھېرىسمەن

بولۇپ قالدى. ئاتا-ئانىسى ۋە ئۇستىسى بەرگەن پارچە-پۇرات پۇللىرىنى يىغىپ كىتاپ سېتىۋېلىپ بوش ۋاقىت تاپسىلا ئوقۇپ تۈگىتىش ئۇنى ئەڭ خوشال قىلىدىغان ئىش ھېساپلىناتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئاغرىپ قالدى، ھۆتىلى توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئۆيدىكىلىرى ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتىۋىدى، دوختۇرلار ئۇنىڭ ئۆپكىسىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ياللۇغلانغانلىقىنى، ئىس -تۈتەك، چاڭ-توزان. . . بار جايلارغا بارماسلىقىنى، ھاۋا مۇھىتىغا چوقۇم دىققەت قىلىشى كېرەكلىكىنى ئاگاھلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىۋاتقان قورۇما قورۇش ئۇستىلىقى ھۈنىرىنى توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى ۋە كىيىنچە ئەھۋالغا قاراپ باقماقچى بولۇپ ئۇستىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئاشخانا زالىدا كۈتكۈچىلىك قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئىنىلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى دەرسلىك كىتاپلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇلار بىلەن تەڭ خەنزۇ تىلى ئۆگەندى. ئەلۋەتتە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ چوڭ بولغاچ ئۇ خەنزۇ تىلىنى پىششىق

بىلەتتى. لېكىن يېزىش ۋە ئوقۇشنى بىلمەيتتى. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىپ كۈندە 5 خەت ئۆگىنىپ يۈرۈپ خەنزۇتىلى ساۋادىنىمۇ ئاساسى جەھەتتىن خېلىلا چىقىرىۋالدى. ئۇ تىل ئۆگىنىشتىكى قىزغىنلىقى بىلەن كېيىن كەچلىك كۇرسلاردا چەتئەل تىلىدىنمۇ رۇس تىلى ۋە ئەرەپ تىللىرىنى ئۆگەندى. . . . مانا ھازىر ئاشۇ ئۆگەنگەنلىرىنىڭ ياردىمىدە ئۆزتۇرمۇش يولىنى تېپىۋالغاندى. ئۇ مۇشۇ سۈرئەتتە مېڭىۋەرسە ئۇزۇنغا قالماي، ئاتا-ئانىسىنى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدىن قۇتقۇزۇپ ئۆيدە خاتىرجەم ئارام ئالدۇرالايتتى، ئىنىلىرىنى مەيلى نەگە بارغۇچە ئوقۇيمەن دىسە ئوقۇتالايتتى. ئاندىن كېيىن. . . . . ئۇ خىياللىرى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئەندىكىپ تېزلا ئەتراپىغا قاراپ كىتەتتى ۋە بىر تاتلىق سىزىم بىلەن زىباغا تىلىفۇن قىلاتتى. . . ئەپسۇس، ئۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان گەپلىرىنى تىلىفۇن ئۈلىنىشى بىلەن ئۇنتۇلۇپلا قالاتتى. تالاي قېتىم«بۈگۈن چوقۇم ئېغىز ئېچىپ ئۇنىڭغا كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلىمەن»دەپ ئۆز-ئۆزىگە مەدەت

بىرەتتىيۇ ئۇنى كۆرگەن ھامان تىلى تۇتۇلۇپ گېپىنى تاپالماي قالاتتى. ئەلۋەتتە زىبامۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تۇيۇپ تۇراتتى، شۇنداقلا ئۇنىڭ تېزرەك ئېغىز ئېچىشىنى شىرىن ئارزۇلاردا بىتاقەتلىك بىلەن كۈتەتتى.

زىبا ئارماننى بۇ ھاياتىغا يۆلەك بولغۇدەك، مۇساپىلىرىگە ئۈرنەك بولغۇدەك، بىردىنبىر يىگىت دەپ ئويلاپ ئۆز كىيىنكى تۇرمۇشى ھەققىدە ئاللىبۇرۇن قارار چىقىرىپ بولغان بولسىمۇ، قىزلىق تەبىئىيتى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ھامان ئۇنى شەرمي-ھايالىق، يۈزى تۆۋەن بولۇشقا ئۈندەيتتى.

ئارماننىڭمۇ ئويلايدىغىنى ئاز ئەمەس‹‹مەن بىر ئاددى ئائىلىدىن كىلىپ چىققان، مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، ئادەتتىكىلا بىر ئادەم، قانداقمۇ ئۇنىڭدەك باياشات ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق يالغۇز قىزىغا، ئالى مەلۇماتقا ئىگە كەلگۈسىدىكى ئاق خالاتلىق پەرىشتەگە ماس كىلەلەيمەن؟ ئەگەر ئۇ مىنى سىرداش دوستى ياكى ئاكىسى ئورنىدا كۆرۈپ كىلىۋاتقان بولسا مەن كۆڭلۈمنى بىلدۈرۈپ قويسام ھەتتا ھازىرقى

مۇناسىۋىتىمىزمۇ يوقىقا چىقىشى، ئۇ مېنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپ كىتىشى ياكى ئاچچىقلىنىپ سەكرەپ كىتىپ قېلىشى، بۇندىن كېيىن ئالاقە قىلماسلىقى مۇمكىن. . . » دەپ ئويلىغانسىرى دىلىغۇل بولغان ئارمان ئىزچىل ئېغىز ئاچالماي كىلىۋاتاتتى. ئۇ ئاخىرى بۇ ئىشلارغا هازىرچە ئېغىز ئاچماي زىبا بىلەن بولغان سەمىمى مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالغاچ كەسپكە تېخىمۇ بېرىلىپ، پىشىپ -يېتىلىشنى، كۆزلىگەن ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن ھەقىقى سالاھىيەت بىلەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىشنى نىيەت قىلدى.

كۈنلەر بىر بىرىنى قوغلاپ ئۆتمەكتە. . . زىبامۇ ھەقىقى ئاق خالاتلىق پەرىشتەگە ئايلاندى. ئارمانمۇ ئەلنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك بەردەم يىگىتكە ئايلاندى، كەسپىتىكى ئۇتۇقلىرى ئۇنى كۈنسىرى يۇقىرى ئۆرلەتتى. شەھەر مەركىزىدىن ئولتۇراق ئۆي سېتىۋېلىپ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرغان پەيتلىرىدە ئۇنىڭ شاتلىقىغا ھېچنەرسە يەتمەي قالدى.

بىر ئىنسى ئىچكىرىدىكى نۇقتىلىق ئالى مەكتەپكە ئوقۇۋاتقان، ماڭدى يەنە بىر ئىنسى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ئالى مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن تەييارلانغىنىدا ئۆزىگە نىسىپ بولمىغان بۇ پۇرسەتلەرگە قېرىنداشلىرىنىڭ نائىل بولۇۋاتقانلىقىدىن سۆيۈنۈپ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھاياجانلىق ياشلىرى ئەگدى. ئەلۋەتتە زىبامۇ ئۇنىڭ شاتلىقلىرىغا ئورتاق كۆلەتتى. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ ھېچبىر ئېغىز ئېچىلىشىسىزلا ئايدىڭلىشىپ قالدى. زىبا پات-پات ئارمانلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ قان بېسىمىنى ئۆلچەپ كېرەكلىك دورىلارنى ئاپىرىپ بېرىپ تۇراتتى. كەينى-كەينىدىن كېلىۋاتقان خوشاللىقلارنى ئاجىز يۈرىكى كۆتۈرەلمەيۋاتقاندەك كېسەل چىرمىۋالغان ئانا قوللىرىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ اللاھقا مىڭ قەترە شۈكرە-ھەمدۇسانالارنى ئوقۇيتتى ۋە ئارمان بىلەن زىبانىڭ بەختىنى كۆرۈشنى تىلەپ دۇئا قىلاتتى.

بەرىكەتلىك كۈز ئايلىرىنىڭ بىرىدە ئارمان زىبالارنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزدى. قىزنىڭ

سۆزلىرىدىن ئاللىبۇرۇن يورەك تىترۇشىنى سىزىپ بولغان ئانا ئېرىگە بۇ ئىشلارنى چۈشەندۈرگەن بولغاچقا ئىككىلا تەرەپ بۇ ئىككى ياشنىڭ قارارىغا رازىلىق بىلدۈرۈپ بەختىنى تىلەپ دۇئا قىلىشتى.

ئەپسۇس، بېكىتىلگەن توي كۈنىگە ئازلا قېلىۋىدى زىبانىڭ دادىسى تۇيۇقسىز يورەك تىتقىلمىسى بىلەن قازا قىلدى. ئىككى ئاجىزە يىغلاپ-قاقشاپ يۈرۈپ بۇ رىئاللىققا تەن بېرىشتى، مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئارمان پۈت دەسسەپ تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىپ ئۇزاتتى.

توي ۋاقتى يەنە بىرەر يىلدەك كەينىگە سوزۇلدى. ئارمان ئۆزلىرىنىڭ كىيىنكى بەخت بوشۇكى بولمىش يېڭى ئۆينى سېتىۋېلىپ زىبانى تۇيۇقسىز خوشال قىلدى، ھەمدە زىبانىڭ قولىغا ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى ۋە بىر تۇتام پۇلنى تۇتقۇزۇپ«ئەمدى بۇ ئۆينى ئۆزىڭىز خالىغانچە بېزەپ ياسىسىڭىز بولىدۇ خانىش ئالىيلىرى»دېدى.

زىبا پۈتۈن زېھنى بىلەن بۇ كىچىككىنە جەننەتنى بېزەپ چىقتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئېسىلغان ئىككىسىنىڭ

چوڭايتىلغان تويلۇق رەسمى بۇ ئۆيگە باشقىچە تۈس كىرگۈزدى. ئىككەيلەن بەختتە چۆمگەن ھالدا ئۆيدىكى ھەممە بىساتلارنى ئاۋايلاپ سىلىشىپ ھوزۇرلىنىپ قاراپ تۇرۇپ كىتىشتى.

توينىڭ تەييارلىقلىرى پۈتۈپ ھەممىنىڭ چىھرىگە كۈلكە-شاتلىق بالقىغان كۈنلەردە ئۇلار بەختىيار ھالدا بىرىپ توي خېتىنى ئېلىشتى.

ئۇلارنىڭ يېڭى ئۆيى زىبا خىزمەت قىلىدىغان دوختۇرخانىغا يېقىن بولغاچقا بۈگۈن ئۇ ئارمان بىلەن دىيىشىپ كەچتە مۇشۇ ئۆيدە بىللە كەم قالغان باغاقلارنى يېزىشقا پۈتۈشكەن ئىدى. لېكىن ئۇ ئىشتىن كىلىپ بولغۇچە كىلىپ بولۇشقا پۈتۈشكەن ئارمان ئۇ كەلگەندە كۆرۈنمەيتتى، ئۇ ئۇنى ساقلىغاچ ياتاق ئۆيدىكى كارۋاتنىڭ ئۈستىگە ئاسماقچى بولغان قوش يۈرەكنىڭ شەكلى چىقىرىلىدىغان كەشتىنى ئىشلەپ يىرىم كېچىگىچە ساقلىغان بولسىمۇ ئۇ كەلمىدى. تىلىفۇن ئىزچىل ئېتىكلىكلا ئىدى.

ئۇ ئۆيگە قايتىشنى ئويلىدىيۇ يەنىلا ئارماننىڭ

بۇنداق پەرۋاسىز ئادەم ئەمەسلىكىنى ئۆيلاپ نىمىلەردىندۇر ئەنسىرەپ ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

بۈگۈن توي خېتىنى ئالغان ئارمان خوشال ھالدا ئۆيگە بېرىپ بۇ خۇشخەۋەرنى ئانىسىغا يەتكۈزدى:

-توۋا دەيمەن مۇشۇ كەمگۈچە ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى بىلىسەمۇ ئۆزۈمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى بىلمەي يۈرۈپتىكەنمەن ئانا، ئەسلىدە ئىككىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بىر ئىكەن ئەمەسمۇ؟ -دىدى يىگىت ھاياجان بىلەن ئانىسىغا.

ئانا ئەندىكىپ بىر ئوغلىنىڭ چىرايىغا بىر قولىدىكى قىزىل تاشلىق گۇۋاھنامىگە قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئانىسىنىڭ بۇ خوشاللىقىغا ئورتاقلاشمىغىنىدىن سەل ئەجەپلەنگەن يىگىتمۇ ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى.

-ئاللاھ ئىگەم مىنى جازالىدى بالام، -دەپلا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلاپ كەتتى ئانا. - سەن تۇغۇلغاندا قوشكېزەك تۇغۇلغان، شۇ ۋاقىتتىكى تۇرمۇشىمىزنى كۆزدە تۇتۇپ بالىغا زار بىر جۈپ ياش ئەر-خوتۇنغا

سېنىڭ قوشماق سىڭلىڭنى بېقىشقا بەرگەندۇق، ئاللاھ ئىگەم شۇ قىلغىنىمىز ئۈچۈن بىر ئۆمۈر بىزگە قىز پەرزەنت بەرمەي جازالىغىنىنى ئاز دەپ بۇ كۆڭگە كەلگەندە مانا مۇشۇنداق جازالاپتۇ. . . . . ئوغلىنىڭ ئاخىقىرالماي تۇرۇپ قالغىنىنى كۆرگەن ئانا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

-تۈنۈگۈن ئۇ مىنى تەكشۈرگىلى كەلگەندە پۈتىغا قاراپلا گۇمان قىلغانتىم، چۈنكى سىڭلىڭنىڭ پۈتىنىڭ بىر بارمىقى كەم تۇغۇلغان ئىدى. ئەتىگەندە تۇرۇپلا ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ يېنىغا باردىم، سېلىشتۇرۇش جەريانىدا ئۇ راستىنلا سېنىڭ سىڭلىڭ بولىشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلدۇق، چۈنكى ئۇنىڭ ئانىسمۇ ئۇنى بېقىۋالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. . . . ئانا ئۇنىڭ بېقىۋېلىشقا بەرگەندىكى ھالىتى، كىيىم -كېچىكى. . . قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ زىبانىڭ ئانىسىنىڭ دىگىنى بىلەن ئوخشاش چىققانلىقى ھەققىدە بىرمۇنچە سۆزلىدى. لېكىن ئانىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئارمانىنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ ھاڭۋېقىپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتكەندىن

كېيىن سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى. . .

زىبانىڭ ئانىسى ئارماننىڭ ئانىسى كەتكەندىن كېيىن ئولتۇرغان جايىدا ئاللاھەزەر يېرىم كۈن روھى چىقىپ كەتكەندەك ئولتۇرۇپ كەتتى. زىباغا تىلىفۇن قىلىشنى ئويلىدىيۇ قولى بارمىدى‹‹ئەينى چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ نىمىشقا يالغۇز بالا ئىكەنلىكىنى سورىغاندىلا يالغان ياۋىداق گەپ توقىماي راست ئەھۋالنى دىسەم بولماسمىدى؟ ئەمدى ئۇنىڭغا قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن؟ قانداق چۈشەندۈرىمەن؟ ئۇ بۇ رىئاللىقنى قانداقمۇ قوبۇل قىلار؟ ››دەپ ۋەھىمىگە چۈشكەن ئانا گاھى زىبانىڭ قايتىپ كىلىشىنى ئاززۇ قىلىپ ئىشىككە تەلمۈرەتتىيۇ تۇرۇپلا ئۇنىڭ قايتىپ كەلمەسلىكىنى تىلەيتتى. . .

ئارمان ئايروپىلان دەرىزىسىدىن سىرتتىكى ئاپپاق بۇلۇتلارغا ئىپادىسىز قاراپ ئولتۇرۇپ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى:

-خەيرى خوش ئارمان!

يېزا يولىدا توپا تۇزىتىپ كېلىۋاتقان ئاپتوبۇس زىبانى باللىق ئەسلىملىرى سىڭگەن ئانا تۇپراققا قايتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئەمدى ئاشۇ تىپ-تىنچ سەھرادا سەممىي-سادىدا، مېھنەتكەش كىشىلەرنىڭ كېيسەل ئازابىنى يەڭگىللىتىش بەدىلىگە ھاياتى ئېزىنالىرىنى قالدۇرۇپ ياشاشنى تالللىۋالغان ئىدى.

مەنبە: مىسرانىم مۇنبىرى

مەنزىل تورى ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

**www. Menzil. biz**

book@menzil. biz    menzilbiz@163. com